# شىنجاڭ گېزىتى

新疆日报 شىنجاڭ گېزىتى

2020 - يىل 4 - ئاي
6
دۈشەنبە
维吾尔文 4月6日

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى　新疆日报网: www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65－0002/－W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1－57　ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com　25023 - سان　بۈگۈن 4 بەت


## ئاپتونوم رايونىمىز 20 ماددىلىق تەدبىر چىقىرىپ، يېزا ئىگىلىكتە ئومۇميۈزلۈك مول ھوسۇل ئېلىشنى پۈتۈن كۈچ بىلەن قولغا كەلتۈرىدۇ

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **يۈەن لېي** خەۋەر قىلىدۇ: 4 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، ئاپتونوم رايون بىر قاتار تەدبىر چىقىرىپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، يېزا ئىگىلىكتە ئومۇميۈزلۈك مول ھوسۇل ئېلىشنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈپ، بۇ يىل پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتىنى 4.5% ئەتراپىدا ئاشۇرۇشقا، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىقنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنى 5% ئەتراپىدا ئاشۇرۇشقا، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى چىقىم قىلىشقا بولىدىغان كىشى بېشى كىرىمنى 7.5% ئەتراپىدا ئاشۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىش، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىشقا كۈچ قوشۇشنى تەلەپ قىلدى.

ئىگىلىنىشچە، تەدبىر جەمئىي 20 ماددا بولۇپ، تېرىقچىلىق مەزگىلىگە دەخلى يەتكۈزمەي ئەتىيازلىق يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى ئومۇميۈزلۈك ياخشى تۇتۇش، يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكا مۇلازىمىتىنى پۇختا قانات يايدۇرۇش، يېزا ئىگىلىك ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، يېزا ئىگىلىكتە ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئاپەتنىڭ زىيىنىنى ئازايتىش تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇش،

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

# ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسىنى بىرلىكتە بەرپا قىلىشنىڭ «يۇقۇم»غا تاقابىل تۇرۇش جېڭى سەھىپىسىنى پۈتۈش

## —— رەئىس شى جىنپىڭنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خەلقئارا ھەمكارلىقىغا تۈرتكە بولغانلىقى توغرىسىدا خاتىرە

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى خاۋ ۋېيۋېي

يەرشارى بويىچە ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالى 1 مىليوندىن ئېشىپ، يۇقۇم 200دىن ئارتۇق دۆلەت ۋە رايونغا كېڭەيدى؛ بەزى دۆلەتلەر «جىددىي ھالەت»كە كىرگەنلىكىنى جاكارلىدى، پۈتۈن يەر شارىدىكى پاي چېكى بازارلىرىدا شىددەتلىك داۋالغۇش بولدى... يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى ئاممىۋى سەھىيە بىخەتەرلىكىگە قاتتىق خىرىس قىلىپ، دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ ئايلىنىشىغا ئومۇميۈزلۈك زەربە بېرىپ، ئىجتىمائىي تۈرمۇشنىڭ يۈرۈشۈشىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى.

بۇ مەيدان يەر شارىۋى ئاممىۋى سەھىيە كرىزىسى ھەم خەلقئارا ھەمكارلىقنىڭ بىر سىنىقى، ھەم چوڭ دۆلەتلەرنىڭ مەسئۇلىيەتچانلىقىنى سىناش بولدى.

يۇقۇم يۈز بەرگەندىن بۇيان، رەئىس شى جىنپىڭ دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى يۇقۇم ۋەزىيىتىگە ھەر ۋاقىت دىققەت قىلىپ، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش خەلقئارا ھەمكارلىقىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، كۆپ قېتىم مۇھىم يوليورۇق بېرىپ، تەستىق سېلىپ، دۆلەت باشلىقى دىپلوماتىيەسىنى ئارقا - ئارقىدىن قانات يايدۇرۇپ، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىش يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خەلقئارا ھەمكارلىقىغا ئۆزى بىۋاستە تۈرتكە بولدى.

1 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، جۇڭگونىڭ دۆلەت ئىچىدە يۇقۇم كەسكىنلەشكەن پەيتتە، رەئىس شى جىنپىڭ: «يۇقۇم ئۇچۇرىنى ۋاقتىدا ئېلان قىلىپ، خەلقئارا ھەمكارلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك» دەپ مۇھىم يوليورۇق بەردى.

1 - ئاينىڭ 28 - كۈنى، خەلق سارىيىدا دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىنىڭ باش ئىش بېجىرگۈچىسى تەن دىبسەي بىلەن كۆرۈشكەندە، رەئىس شى جىنپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى: «جۇڭگو ھۆكۈمىتى يۇقۇم ئۇچۇرىنى باشتىن - ئاخىر ئوچۇق - ئاشكارا، ئېنىق، مەسئۇلىيەتچان پوزىتسىيە بىلەن دۆلەت ئىچى - سىرتىغا ۋاقتىدا ئېلان قىلىپ، ھەرقايسى تەرەپلەر كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مەسىلىلەرگە ئاكتىپ ئىنكاس قايتۇرۇپ، خەلقئارا جەمئىيەت بىلەن بولغان ھەمكارلىقنى كۈچەيتتى».

2 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، جۇڭگوغا زىيارەتكە كەلگەن كامبودژا باش ۋەزىرى خۇڭسېن بىلەن كۆرۈشكەندە، رەئىس شى جىنپىڭ مۇنداق بىلدۈردى: «جۇڭگو تەرەپ داۋاملىق ئوچۇق - ئاشكارا، ئېنىق پوزىتسىيەدە كامبودژانى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن بولغان ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، يۇقۇمغا ئورتاق ئۈنۈملۈك تاقابىل تۇرۇپ، پۈتۈن يەر شارى ۋە رايوننىڭ ئاممىۋى سەھىيە بىخەتەرلىكىنى قوغدايدۇ».

2 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىشنى ئورۇنلاشتۇرما قىلىش يىغىنىدا، رەئىس شى جىنپىڭ مۇنداق تەكىتلىدى: «دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى بىلەن داۋاملىق ياخشى ئالاقىنى ساقلاپ، يۇقۇمدىن ساقلىنىش تەجرىبىلىرىدىن ئالاقىدار دۆلەتلەر بىلەن تەڭ بەھرىمەن بولۇپ، ۋىرۇسقا قارشى دورىلار ھەم ۋاكسىنا تەتقىق قىلىپ ئېچىش بويىچە خەلقئارا ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، يۇقۇم تارقالغان باشقا دۆلەت ۋە رايونلارغا قۇربىمىزنىڭ يېتىشىچە ياردەم بېرىپ، مەسئۇلىيەتچان چوڭ دۆلەتنىڭ مەسئۇلىيەتچانلىقىنى نامايان قىلىشىمىز كېرەك».

3 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ باش كاتىپى گۇتېررېس بىلەن تېلېفونلاشقاندا، رەئىس شى جىنپىڭ مۇنداق تەكىتلىدى: «خەلقئارا جەمئىيەت جىددىي ھەرىكەتكە كېلىپ، بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش خەلقئارا ھەمكارلىقنى ئۈنۈملۈك قانات يايدۇرۇپ، يۇقۇم ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشنىڭ قۇدرەتلىك بىرىكمە كۈچىنى مۇجەسسەملىشى كېرەك».

3 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، جۇڭگوغا مەخسۇس زىيارەتكە كەلگەن پاكىستان زۇڭتۇڭى ئالۋى بىلەن سۆھبەتلەشكەندە، رەئىس شى جىنپىڭ مۇنداق بىلدۈردى: «جۇڭگو تەرەپ يۇقۇمنىڭ دۇنيا مىقياسىدا تارقىلىپ، يامراپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن تىرىشىپ كۆپ تۆھپە قوشۇشنى خالايدۇ».

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

چىن جۆەنگو ئاپتونوم رايوننىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشنى نۇقتىدا ئۇنۇبىرسال سىناق قىلىش خىزمىتى بويىچە تەربىيەلەش، سەپەرۋەر قىلىش، ئورۇنلاشتۇرما قىلىش يىغىنىدا مۇنداق تەكىتلىدى

# نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش خىزمىتىنى يۇقىرى سۈپەتلىك ياخشى ئىشلەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنىڭ غەلىبىسىنى قەرەلىدە قولغا كەلتۈرۈشنى سانلىق مەلۇمات تىرىكى بىلەن تەمىنلەش كېرەك

شۆھرەت زاكىر يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى، شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، سۇن جىنلۇڭ، لى پېڭشىن قاتناشتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىڭرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: 4 - ئاينىڭ 4 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايون نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشنى نۇقتىدا ئۇنۇبىرسال سىناق قىلىش خىزمىتى بويىچە تەربىيەلەش، سەپەرۋەر قىلىش، ئورۇنلاشتۇرما قىلىش يىغىنى ئاچتى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق نامراتلارنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى چېن چۈەنگو يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق نامراتلارنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى شۆھرەت زاكىر يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى. ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، سۇن جىنلۇڭ، لى پېڭشىن، لى ۋېي، شۇ خەيرۇڭ، ئەركىن تۇنىياز، ۋاڭ جۇنجېڭ، تيەن ۋېن، ياڭ شىن، جاڭ چۈنلىن قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

چېن چۈەنگو مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىدىغان، ئومۇميۈزلۈك تاماملىنىدىغان ئاچقۇچلۇق باسقۇچقا كىرگەندە، مەركەز نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشنى قارار قىلدى، بۇ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ نەتىجە - ئۈنۈمىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش، نامراتلىقتىن يۇقىرى سۈپەتلىك قۇتۇلدۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى مۇھىم ئۇللۇق خىزمەت، شۇنداقلا بىر قېتىملىق «چوڭ سىناق». «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا قەتئىي بىرلىككە كەلتۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ۋەزىپىسىنىڭ ئورۇندىلىش ئەھۋالىنى دەل جايىدا ئىگىلەپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشنى ئىلمىي، توغرا، ھەقىقىي، ئۈنۈملۈك سانلىق مەلۇمات تىرىكى بىلەن تەمىنلەش كېرەك.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)




## سىرتقا چىقىپ ئىشلەمچىلىك قىلىش —— كۆڭلىرىمىزنى «قالتىس» قىلدۇ

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز مېھرىگۈل ناسىر

تىرىشقانلارغا باھار بالدۇر كېلىدۇ، بۇ، كۆرەش قىلىشنىڭ دەل ۋاقتى.

ئەتىياز كىرگەندىن بۇيان، شىنجاڭ باج ئىدارىسىنىڭ ئونسۇ ناھىيەسىنىڭ ئىشلەمچى يېزىسى سىيەك كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى لى بونىڭ ماسلاشتۇرۇشى بىلەن، سىيەك كەنتىدىكى تۆت كەنت ئاھالىسى شىنجاڭ تيەنرۇن جيەنرۇڭ چارۋىچىلىق چەكلىك شىركىتىنىڭ سۈت كالىسى فېرمىسى بىلەن ئۈچ يىللىق ئىشچى ئىشلىتىش توختامى ئىمزالىدى.

ھېلىلا توختام ئىمزالىغان مۇختەر ئابدۇرېھىم خۇشال ھالدا مۇنداق دېدى: «خوتۇنۇم ئىككىمىز سۈت كالىسى فېرمىسىغا ئىشلىگىلى كەلدۇق، خوتۇنۇم سۈت سېغىش ئىشچىسى بولدۇ، مەن باقمىچى بولىمەن، ئىككىمىزنىڭكىنى قوشقاندا ھەر ئايدا 7000 - 6000 يۈەن پۇل تاپالايمىز!»

مۇختەرنى تېخىمۇ خۇشال قىلغىنى شۇكى، سۈت كالىسى فېرمىسى ئەر - خوتۇن ئىككىيلەننى بىر كىچىك ھويلىلىق پاكىز تۇرالغۇ بىلەن ھەقسىز تەمىنلىدى، تاماق ئېتىش، يۇيۇنۇش قاتارلىقلاردىن غەم قىلمىسىمۇ بولىدۇ،

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

## «قىيىن ئۆتكەلنىڭ قىيىنى»غا ھۇجۇم قىلىشقىمۇ يۇمشاق كۈچ كېرەك

سۆز ھەممىگە

□ يۆ يەنيۈن

4 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، «شىنجاڭ گېزىتى»دە مۇنداق بىر خەۋەر ئېلان قىلىندى: جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشتا، ئىشلەمچى خادىملار ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلارنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى، كۆيۈنۈشىگە ئېرىشتى. كۆپلىگەن ئىشلەمچى خادىم چىن كۆڭلىدىن مەمنۇن بولۇپ: «مېنىڭ بۇ يەردە يېڭى ئائىلەم بار بولدى» دېيىشتى. بۇ خەۋەردىن بىز پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ كۆيۈنۈش، ئىلھام بېرىش قاتارلىق «يۇمشاق» ئۇسۇل بىلەن نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا كۈچ قوشۇۋاتقانلىقىدەك تەسىرلىك كۆرۈنۈشنى كۆرۈۋالالايمىز.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

مىنۇت - سېكۇنتنى قولدىن بەرمەي چىڭ تۇتۇش　پەيتنى قولدىن بەرمەي ئىشلەش



تارىم بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونىدا دېھقانچىلىق ئىشلىرى ئالدىراش بولۇپ كەتتى

4 - ئاينىڭ 4 - كۈنى، بىڭتۇەن 1 - شىسى 9 - تۇەننىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلىرى ئەمدىلا تېرىلغان كېۋەز ئېتىزىغا شال پاخلى يېيىپ، توپا - توزانلىق ھاۋارايىنىڭ كېۋەز مايسىلىرىنىڭ ئۆسۈشىگە تەسىر كۆرسىتىشىنىڭ ئالدىنى ئالدى. چىگىمەك مەزگىلىدە، تارىم بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونىدا تېمپېراتۇرا ئۆرلىدى، شۇ جايدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر، ئامما تېرىقچىلىق مەزگىلىنى چىڭ تۇتۇپ ئەتىيازلىق تېرىلغۇ، ئەتىيازلىق پەرۋىشنى قانات يايدۇردى. □ ۋاڭ جىچىڭ فوتوسى

## چىن قەلبتىن ياردەم بەردى، يۆلىدى　تۇغقىنىنىڭ تۇرمۇشى تېخىمۇ ياخشىلاندى




□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز

تۇغقىنى بىلەن بىرلىكتە ھويلا - ئارانى تازىلاش، قوينىڭ يۇڭىنى قىرقىش، ئەتىيازلىق تېرىلغۇ بىلەن ئالدىراش بولۇش، كىرىمنى ئاشۇرۇشنىڭ «ياخشى چارىسى»نى، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشنىڭ يېڭى يولىنى بىرلىكتە پىلانلاش... ئەتىياز كۈنلىرىدە، ھاياتىي كۈچكە تولغان شىنجاڭ زېمىنىدا، ھەممە جايدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش قىزغىنلىقى ئۇرغۇپ تۇراتتى. ھەرقايسى تارماقلار، ھەرقايسى ئورۇنلاردىكى كادىرلار چىن قەلبىدىن قوشماقلاشقان تۇغقانلىرىنى غەم - ئەندىشىدىن خالاس قىلىپ، ئۇلارنىڭ غەيرەتكە تولۇپ، تۇرمۇشنى تېخىمۇ ياخشى ئۆتكۈزۈشىگە ياردەم بەردى.

### كۆكتاتلىقتا «ئىنىم»نىڭ تەرى تۆكۈلدى

ئىللىق باھار مەنزىرىسى ئىچىدە، ئەڭ جانلىق، ئەڭ گۈزەل كۆرۈنۈش كادىرلار، ئاممىنىڭ بىرلىكتە ئەتىيازلىق تېرىلغۇغا ئاتلانغانلىقى بولدى.

«ئىنىم، چارچىغانسىز؟ كېلىڭ، چاي ئىچىۋېلىڭ!» 3 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ئۈچتۇرپان ناھىيەسىنىڭ ئوتبېشى يېزىسى سۆگەتلىك كەنتىدىكى بىر ئەگمە كۆكتات پارنىكىدا، كەنت ئاھالىسى ئاينىساخان ئىمىن كۆكتات تېرىشقا ياردەملەشكىلى كەلگەن تۇغقىنى سۇن تۇڭجيانىڭ قولىدىكى لايى، پېشانىسىدىكى تەرنى كۆرۈپ، ئىچى ئاغرىپ بىر ئاز ئارام ئېلىشقا دەۋەت قىلدى.

33 ياشقا كىرگەن سۇن تۇڭجيا دۆلەت ئىستاتىستىكا ئىدارىسى شىنجاڭ تەكشۈرۈش باش ئەترىتىنىڭ كادىرى بولۇپ، 2017 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ئۇ 60 نەچچە ياشقا كىرگەن ئاينىساخان ئائىلىسى بىلەن تۇغقان بولدى، ھەر قېتىم ئاينىساخانىنى يوقلىغىلى كەلگەندە، ئۇ ھويلا - ئارانلارنى رەتلىشىپ، دېھقانچىلىق ئىشلىرىنى قىلىشىپ بەردى، ئاينىساخان سەمىمىي ھالدا ئۇنى «ئىنىم» دەپ ئاتىدى.

ئاينىساخانىنىڭ ئېرى بالدۇر ئۆلۈپ كەتكەن بولۇپ، قىزى ناھىيە بازىرىدا ئىشلەمچىلىك قىلاتتى، كۆپ قىسىم ۋاقىتلاردا ئۆيدە ئۇنىڭ بىلەن باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇيدىغان نەۋرىسىلا قالاتتى. قوشنىلىرىنىڭ ھويلىسىدا ئەتىياز، ياز پەسىلدە كۆكتات ئۆستۈرۈلگەنلىكىنى كۆرۈپ،

(ئاخىرى 4 - بەتتە)